# ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ «خەلق ئۇرۇشى»دا غەلىبە قىلايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چەت ئەلنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق بەزى باش ئەلچىخانىلىرى ماقالە ئېلان قىلىپ ماختىدى. بۇ مەيدان جەڭنى باشتىن كەچۈرگەن كىشىلەرلا ۋۇخەندە «نۆللەشتۈرۈش»نىڭ ئاسان قولغا كەلمىگەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشىنەلەيدۇ، بۇنىڭ ئارقىسىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى نەچچە يۈز جىددىي ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى بىلەن ۋۇخەندىكى 60 مىڭدىن ئارتۇق تېببىي خادىمنىڭ قول تۇتۇشۇپ مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىشى، ھەربىر مەيدان ئۆلۈم بىلەن بەسلەشكەن كەسكىن كۈرەشلەر، مۇداپىئە كىيىمى كىيىپ يەردە ياتقان ھارغىن سىيمالار، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىغا قايتا ـ قايتا چىلىنىپ يېرىلىپ كەتكەن جۈپ قوللار بار؛ بۇ مەيدان جەڭنى باشتىن كەچۈرگەن كىشىلەرلا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتى، مەدھىيەسىنى تېخىمۇ چۈشىنەلەيدۇ، «بۇ قېتىمقى يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا، بىزگە كۈچ ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغىنى جۇڭگو خەلقى» «خەلق ھەقىقىي قەھرىمان».

بۈگۈنكى كۈندە، خەلقئارادىكى نۇرغۇن زاتلار مۇنداق ئىزدىنىپ ئويلاندى: نېمە ئۈچۈن جۇڭگو قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقۇمنى كونترول قىلالايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاددىي، چۈنكى باشلىنىشتىلا، بىز ھەممە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى قىلدۇق. رۇمىنىيە «ئەركىنلىك گېزىتى» جۇڭگودا تۇرۇشلۇق بىر مۇخبىرنىڭ خەۋىرىنى باسقان، «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۈچۈن، جۇڭگودىكى چوڭلار، باللار ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرىنى يوقلىمايدىغان، ساياھەت قىلىپ دەم ئالمايدىغان بولدى، بىر كېچىدىلا سىرتقا چىقمايدىغان ‹ئۆي خۇمار ئەر، ئۆي خۇمار ئايال›غا» ئايلاندى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، قىستاڭ يوللاردا ئادەملەر ئازىيىپ كەتتى، شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان مەيدانلار قۇرۇقدىلىپ قالدى، ھەممەيلەن سىرتقا چىققاندا ماسكا تاقىدى، ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەر ئائىلىق ھالدا ئائىلىدە ئايرىلىپ تۇردى، پارتىيە ئەزالىرى، خەلق ساقچىلىرى، مەھەللە كادىرلىرى، پىدائىيلار خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، تىزىملاش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ ئۆتكۈزۈشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنى تۈرلۈك تۇرمۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. ئومۇمىي خەلق قاتنىشىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىر نىيەتتە بولۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاما ئالدىنى ئېلىش، ئاما تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلدى.

«سىز مەندىن بۇ شەھەرنىڭ نەرى ياخشى دەپ سورىسىڭىز، سىزگە كۆرسىتىدىغىنىم، قان بىلەن گۆش ۋە جان بىلەن قوپۇرۇلغان ئاكوپ. سىز مەندىن بۇ يەردىكى خەلقنىڭ نەرى ياخشى دەپ سورىسىڭىز، سىزگە ئېيتىدىغىنىم، ھىجران ۋە پىداكارلىق بىلەن پۈتۈلگەن قوشاق.» بۇ بىر ۋۇخەن شەھەر ئاھالىسىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش شېئىرى. بىر شەھەرنى قامال قىلىپ، بىر دۆلەتنىڭ ئادىمىنى قوغداش، ئەشەددىي يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن، ۋۇخەندىن ئىبارەت 10 مىليون نوپۇسقا ئىگە بۇ پەۋقۇلئاددە چوڭ شەھەر قەتئىيلىك بىلەن ۋۇخەندىن چىقىش يولىنى تاقىدى، 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە، قار ـ يامغۇر يېغىشتىن باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلغۇچە، ۋۇخەن خەلقى غايەت زور قۇربانلىق بېرىش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان جايىنى ساقلىدى. 76 كۈن، بۇ، قەھرىمان ۋۇخەن خەلقى يازغان دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇلۇغ تارىخىي داستان؛ 1800 نەچچە سائەت، بۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تارىخىدا مەڭگۈ ئەستە ساقلاشقا ئەرزىيدىغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى باتۇرانە ھەرىكەت!

«مەن كېلىشتىن بۇرۇن ئوغرىلىقچە ۋەسىيەتنامە يازدىم، ناۋادا ماڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئوغلۇم ۋۇخەن تەرەپكە قاراپ باش ئۇرسىلا بولدى، مەن ئۈچۈن ئازابلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.» بۇ، ۋۇخەندىكى خوشېنشەن دوختۇرخانىسىنى قۇرۇشقا ياردەم بەرگەن شەندۇڭلۇق قۇرۇلۇش ئىشچىسىنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى. يۇقۇم ئالدىدا، ھەربىر ئادەم بىر مۇداپىئە سېپى، ھەربىر ئادەم بىر جەڭچى. ئىشىك كېشىككە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغان ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر، خەتەرگە قارىماي ۋىرۇس ئەۋرىشكىسى يىغىۋاتقان پەن تەتقىقات خادىملىرى، شىۋىرغاندا تاماق توشۇۋاتقان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيەلىك كادىرلار، دوختۇر ـ سېسترالارنى خالىس ئاپىرىپ ـ ئەكېلىۋاتقان تاكسى شوپۇرلىرى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قان پىلازمىسىنى تەقدىم قىلىۋاتقان سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن ئاغرىقلار... بۇ قېتىمقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، خۇاشيا تۇپرىقىدا سانسىزلىغان ئاددىي پۇقرالاردىن چىققان قەھرىمانلار مەيدانغا كەلدى، دەبدەبىلىك سۆزلەر يوق، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئىش يوق، ئۇلار ھەربىر ئاددىي ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ئارقىلىق، دۆلەتكە بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، ساداقىتىنى، مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى پۈتۈپ چىقتى.

3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، جۇڭگودىكى تاماق توشۇغۇچىنىڭ سۈرىتى ئامېرىكىنىڭ «دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى»نىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىلدى. يۇقۇم مەزگىلىدە، ئۇلار ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، چوڭ ـ كىچىك كوچىلاردا قاتراپ يۈرۈپ، ئىللىقلىق ۋە ئىشەنچ يەتكۈزدى. دۇنيادا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى، يەنە بەزى جۇڭگو ئاممىسىنىڭ يۇقۇم ئالدىدىكى كوللېكتىپ تەلەپچانلىقى، «نيۇ ـ يورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ تور بېكىتىدە مۇنداق يېزىلغان: باغچىدا، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاما ئېيتىدىغان خور توختىدى، بېيجىڭدىكى ئاممىۋى سورۇنلار ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ بىرمۇ كىشى يوق. سىنگاپور «بىرلەشمە ئەتىگەنلىك گېزىتى»دە جۇڭگولۇقلارنىڭ يۇقۇم ئالدىدىكى ئۈمىدۋار روھىي ھالىتى ماختالدى، ئۇلارنىڭ تور بېكىتىدە جۇڭگودىكى بىر ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدا دېجورنىلىق قىلىۋاتقان خادىمنىڭ قولىغا چوڭ كاناي ئېلىپ ئاڭلاتقان سۆزى تارقىتىلدى، «پەقەت يەنە بىر تال گۆرۈچ بولسىلا، ئادەم كۆپ يەرگە بېرىپ قىستاشمايلى؛ پەقەت يەنە بىر تىمەن ياغ بولسىلا، ئۆيدە ئولتۇرۇپ تالاغا چىقمايلى؛ پەقەت يەنە بىر تۈپ غولپىياز بولسىلا، كۆكتات بازىرىغا چاپمايلى؛ مەن ئۆيدە تۇرغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن، مەن دۆلەت ئۈچۈن ماسكا تېجەپ بېرىمەن». ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشتا نامايان بولىدىغىنى، مەڭگۈ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدىغان مىللىي روھ؛ خەتەرلىك پەيتتە چاقنايدىغىنى مەڭگۈ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىدىغان ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى.

«رەھمەت سىزگە، ھەربىر ئاددىي جۇڭگولۇق.» يۇقۇم ئالدىدا، جۇڭگولۇقلار بوشلۇق جەھەتتە ئايرىلىق ساقلىغان بولسىمۇ، ئەمما قەلب جەھەتتە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جۇڭگو كۈچىنى ئۇرغۇتتى. بۇ خىل كۈچنىڭ ئارقىسىدا قىيىنچىلىقتىن قاچمايدىغان، مەسئۇلىيەتتىن باش تارتمايدىغان مەدەنىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش، ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان روھقا ۋارىسلىق قىلىش، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلايدىغان ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش بار. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەممە بىر نىيەتتە بولساق، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرىدىغان بۇ مەيدان خەلق ئۇرۇشىدا چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز؛ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلساق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش قەدىمىنى چوقۇم ھېچنېمە توسۇيالمايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتى تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇردى. 2018 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، دۆربىلجىن ناھىيەسىدىكى 17 يېزا (بازار) مەيداندىكى 179 كەنت ـ ئەترەتكە 43 مىڭ 131 كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى تارقىتىلماقچى بولغان؛ 2020 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، بۇ ناھىيەدىكى %60 كەنت ـ ئەترەت (مەھەللە) ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىپ ئېلان قىلغان، %40 كەنت ـ ئەترەت (مەھەللە)، يېزا (بازار)، مەيدانلاردا مەركەزلىك ئىلتىماس قىلىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى تاماملىغان؛ بۇنىڭ ئىچىدە، %20 كەنت ـ ئەترەت(مەھەللە) نىڭ ئىلتىماسى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى ئېنىقلىنىپ تارقىتىپ بېرىلىدىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى يېزا كۆچمەس مۈلۈكلىرىنى تىزىملاش خىزمىتىگە پائال تۈرتكە بولۇپ، خىزمەت ۋاقىت تۈگۈنى ۋە كونكرېت تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، مۇناسىۋەتلىك تىزىملاش، گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلىپ، يېزىلاردا ئۆي ـ يەر بىر گەۋدە قىلىنغان ئۆيلۈك يەر ۋە كوللېكتىپ قۇرۇلۇش يېرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى تىزىملاش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ ئىستاتىستىكا قىلىشنى پائال قانات يايدۇردى. بۇ نازارەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: قارادۆڭ كەنتىدە يېزا كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنىڭ بىرتۇتاش تارقىتىلىشى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتۈن كەنت بويىچە تارقىتىش خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تەجرىبە توپلاپ بەردى، بۇ يېزا مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دېھقانلارنىڭ ئۆيلۈك يېرىدىن پايدىلىنىش نەرسە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، «گۇۋاھنامە بىلەن يەر ئىشلىتىش» «قانۇن بويىچە يەر ئىشلىتىش» قانۇن قارىشىنى تۇرغۇزۇشتا پائال رول ئوينايدۇ.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولۇش، بۆلەككە ئايرىپ ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەش، نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەرقايسى جايلارغا قارىتا سىياسەت ۋە تېخنىكا مەددىتىنى كۈچەيتىپ، يېزا كۆچمەس مۈلۈكلىرىنى تىزىملاش، گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولماقتا.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى»غا ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك باجنى كېمەيتىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش مۇددىتى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇ يىل يىل ئاخىرىغىچە ئۇزارتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 1 مىليوندىن ئارتۇق باج تاپشۇرغۇچىنى باجنى كېمەيتىش ئېتىبارى بىلەن تەمىنلىدى.

ئۈرۈمچى ئاۋۋېيىر مەدەنىيەت ئېلان چەكلىك شىركىتى نۆۋەتتە 71 مىڭ يۈەن قوشۇلما قىممەت بېجىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشتىن بەھرىمەن بولدى. بۇ شىركەتنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى يۈەن يىڭ مۇنداق دېدى: «بۇ بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ بىۋاسىتە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، ھەقىقىي پايدا».

ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى مال ۋە ئەمگەك ـ مۇلازىمەت بېجى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كىچىك كۆلەمدىكى باج تاپشۇرغۇچىلاردىن باج ئېلىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى ئۇزارتىش باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ باج يۈكىنى ئۈنۈملۈك يېنىكلىتىپ، يۇقۇم ئېلىپ كەلگەن تەسىرنى تۆگىتىپ، ئازايتىپ، كەسپكارلارنىڭ تىجارەت ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش، كارخانىلارنىڭ تىجارەت بېسىمىنى يېنىكلىتىش، كارخانىلارنىڭ نەق پۇل ئوبوروتىنى تولۇقلاشقا قارىتا پائال ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئىگە. باج ئورگانلىرى سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە سىجىل كۈچ سەرپ قىلىپ، سىياسەتنىڭ پۇختا، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، باج تاپشۇرغۇچىلارغا قارىتىلغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىلىنىشكە تېگىشلىكلەرنىڭ تولۇق بەھرىلىنىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ساۋەن ناھىيەسىنىڭ قورغىس بازىرىدىكى دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيەسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان چېكىنگەن ئورمان بۈلتۈر پۈتۈنلەي كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، يېڭىلانغان دەل ـ دەرەخلەر ساغلام ئۆسمەكتە. «بۇ بىر بۆلەك ئورمان بەلبېغىدا ئىلگىرى تىكىلگىنى تېز ئۆسىدىغان تېرەك بولۇپ، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنى ئېغىر بولغاچقا، دەرەخنىڭ چۈرۈكلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بوران چىقسىلا ئاسانلا سۇنۇپ كېتىپ، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىپلا قالماي، يەنە يول بىخەتەرلىكىگىمۇ يوشۇرۇن خەۋپ پەيدا قىلغانىدى.» ساۋەن ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئورمان بىنا قىلىش بۆلۈمچىسىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقى ۋېي شياڭخۇڭ مۇنداق دېدى: «بۇ يىل ئەتىيازدا بىز چوڭ يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن كۆچىتى تىكتۇق، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنى كۆپ ئازايدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، زىچلىقى ھەر مو يەردە 170 تۈپ ئەتراپىدا كۆچەت بولۇشتىن 80 تۈپ كۆچەت بولۇشقا تۆۋەنلىتىپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى پەرۋىش قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ۋە تەننەرخىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتۇق.»

جىڭ ناھىيەسى 2020 ـ يىلى 15 مىڭ مو چېكىنگەن ئورمان بۆلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى پىلانلىدى، نۆۋەتتە، 5000 مونى تاماملاپ بولدى. 4 ـ ئايدا باشلانغان داخېيەنزە بازىرىنىڭ خۇساين تېرەك كەنتىدىكى چېكىنگەن ئورمان بۆلەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشغۇلاتى ئاخىرلىشىش باسقۇچىغا كىردى، بۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى دۇڭ شىلىن مۇنداق دېدى: «بۇ يىل بىز بۇ بۆلەك رايوننى چېكىنگەن ئورمان بۆلەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تۈرىگە كىرگۈزدۇق، ئاساسلىقى تىكىش سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى، دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان قەلەمپۈر، تاش ئالما، گىلاس قاتارلىق كۆچەتلەرنى تىكىمىز، مەيلى ھۇزۇرلىنىش ياكى ئېكولوگىيەنى ئاسراش جەھەتتە بولسۇن، ئىلگىرىكىدىن ياخشى بولىدۇ.»

ئىگىلىنىشچە، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى پارچە ـ پارچە بوستانلىقلاردا، مېۋىلىك باغ ئەتراپىدا ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىۋېتىپتۇ. «ئونسۇ ناھىيەسى كۆكيار رايونىنىڭ ئىھاتە ئورمان سىستېمىسى 10 مىڭ مودىن ئاشىدىغان بولۇپ، بۇ يىل چېكىنگەن ئورمان بۆلەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دەل مۇشۇ رايون ئاساس قىلىندۇ، ئۈچ يىل ئىچىدە ناھىيە تەۋەسىدىكى كۆكيار ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسىدىكى ئورمان بۆلەكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تاماملاشنى پىلانلىدۇق.» ئونسۇ ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى ئابدۇۋەلى ياسىن مۇنداق دېدى: «بىز ساپ تېرەكلىكنى تېرەك ۋە توغراق ئارىلاش ئورمانغا ئايلاندۇرۇپ، قاتلامغا بۆلۈپ بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇپ، قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ مېۋىلىك باغقا بولغان زىيىنىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلەتتۇق».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تارماقلار ئالدىن پىلانلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئەمەلىيەت ئۈستىدە پائال ئىزدىنىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۇزاق ئۈنۈملۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مېخانىزمىنى يېتىلدۈرۈش، يېزا ـ كەنتلەرنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر. ئاقسۇ ۋىلايىتى نۆۋەتتە سىناق قىلىشتا ئالدىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، دادىل ئىزدىنىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دەلىللەش ئاساسىدا، نىشان ـ ۋەزىپە، خىزمەت مېخانىزمى، سىياسەت تەدبىرىنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نېمىنى تۇتۇش، قانداق تۇتۇش، كىم تۇتۇش مەسىلىسىنى كۆچەپ ھەل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن پائال ئىزدىنىشنى قانات يايدۇردى، پايدىلىق ئۆرنەك بىلەن تەمىنلىدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل ئۆرنەك قىلىپ، خىزمەت تەپەككۇرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىگىلەپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، دەل جايىدا بولۇش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىدىيە تونۇشى، نىشان ـ ۋەزىپىسى، خىزمەت تەدبىرى، سىياسەت مەددىتى، خىزمەت مېخانىزمىنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، نىسپىي نامراتلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، نىسپىي نامراتلىقنى پەسەيتىپ، رايونلار پەرقىنى كىچىكلىتىپ، تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، يېزىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشى، دېھقانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق بېيىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە پۇختا قەدەم تاشلاشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، ناھىيە، شەھەر، رايونلار ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتىدىغان خىزمەت مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ 1 ـ قول رەھبەرلىرى 1 ـ مەسئۇل كىشى بولۇپ، بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇشى كېرەك. يىرىك پىلان ئارقىلىق يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار نەق مەيداندا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى نۆۋەتتە سىناق قىلىشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن جاڭ بو، دۇ ۋەنگۈي يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ تۆمۈريول تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، تۆمۈريول لىنىيەسى بويى قۇرغاق چۆللۈك كىلىماتىغا تەۋە، قۇم ـ بورانلىق ھاۋا رايى كۆپرەك ھەم كېچە ـ كۈندۈزدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، لىنىيە بويىدىكى 460 نەچچە كىلومېتىر ئادەمسىز رايون بولۇپ، قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك رېلىس ماتېرىيالىنى توشۇش ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 700 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، قۇرۇلۇش قىلىش قۇرۇلۇشىغا بىرقەدەر زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

«بىز خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولىنىڭ 535 كىلومېتىر بۆلىكىگە رېلىس ياتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق، چاقىلىق ۋوگزالىدىن خوتەن يۆنىلىشىگە قاراپ رېلىس ياتقۇزىمىز، رېلىس ياتقۇزۇش مۇساپىسى پۈتۈن لىنىيە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ %65نى ئىگىلەيدۇ.» جۇڭگو تۆمۈريولى 14 ـ ئىدارىسى خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى PJS2 بۆلىكى تۈر بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى جاڭ گاڭ مۇنداق دېدى: «رېلىس ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىز تەبىئىي مۇھىت ناچار، قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان رايوندا بايلىق نىسبەتەن كەمچىل بولۇش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، 24 سائەت بەن ئالمىشىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە ئىككى كىلومېتىردىن ئاز بولمىغان رېلىس ياتقۇزۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، يىل ئاخىرىدا چاقىلىقتىن چەرچەنگىچە بولغان بۆلەك لىنىيەسىدە رېلىس ياتقۇزۇپ بولۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىمىز».

خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى غەربتە قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان تۆمۈريولغا تۇتاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ «شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش، غەربتىن كىرگۈزۈپ، شەرققە چىقىرىش»تىكى قولايلىق يول، كېلەر يىلى پۈتكۈزۈلۈپ قاتناش باشلاش پىلانلاندى. پۈتكەندىن كېيىن، گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا بىر تۆمۈريول ئايلانما لىنىيەسى شەكىللىنىپ، خوتەن ئاممىسى شىنجاڭدىن چىقىشتا چاقىلىق ئارقىلىق چىڭخەيدىن ئۆتۈپ ئىچكىرى رايونلاردىكى شەھەرلەرگە بىۋاسىتە بارالايدۇ، ئۈرۈمچىنى ئايلىنىپ ئۆتۈش ھاجەتسىز بولۇپ، شىنجاڭدىن چىقىش مۇساپىسى زور دەرىجىدە قىسقىرايدۇ.